شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي
22
جۈمە
维吾尔文 11 月22日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24887 - سان بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن

دۆلەتنىڭ نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانىنى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسى نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «دۆلەتنىڭ نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇش ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك يىرىك پىلانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يىرىك پىلان» دېيىلدۇ)نى بېسىپ تارقاتتى. «يىرىك پىلان» يېقىنقى مەزگىلى 2022 - يىلىغىچە، ئوتتۇرا مەزگىلى 2035 - يىلىغىچە، يىراق مەزگىللىك مەنزىلى 2050 - يىلىغىچە بولۇپ، بۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشىغا ئاكتىپ تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيەلىك، ئومۇمىيۈزلۈك، خاراكتېرلىك، يېتەكچى خاراكتېرلىك ھۆججەت.

«يىرىك پىلان»دا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نوپۇسنىڭ قېرىلىشىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم يۈزلىنىشى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرايلى

تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتەيلى

—— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى**

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇردى.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، مەركەز لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ھەرقايسى جايلاردا 32 مەيدان دوكلات بېرىپ، ھەر خىل شەكىللەردىكى ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدىن 50 مەيدانغا يېقىن ئۆتكۈزدى، بىۋاستە ئاڭلىغۇچىلار 450 مىڭغا يېقىن بولدى، تېلېۋىزوردا بىۋاستە كۆرسىتىش، توردا ئۇلاپ تارقىتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ۋاستىلىك ئاڭلىغان، كۆرگەنلەر 18 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمگە يەتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى زىچ چۆرىدەپ، مەركەز لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئەزالىرىنىڭ نەق مەيداندىكى سۆزلىگەن لېكسىيەسى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولدى، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قىيىن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش دەل، ئىنچىكە، ئومۇميۈزلۈك بولدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئامما چوڭقۇر تەربىيە، ئىلھام ئېلىپ، لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇلۇغ خىتاب كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇردى، مەركەزلىك لېكسىيە سۆزلەش كۈچنى مۇجەسسەملىدى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغاشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، مەركەز مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ مەركەز لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەشنى قارار قىلدى. 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار كۆپچىلىكتىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەشۋىق قىلىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

جىگدىلىك كەنتنىڭ ئۆزگىرىش خاتىرىسى

—— ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سەپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (4)

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى جاڭ جىلى، لۇ فېڭباۋ**

تار، ئۇزۇن ئورمان بەلبېغىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسى جىگدىلىك كەنتى بۇ ناھىيە بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان 24 ئېغىر نامرات كەنتنىڭ بىرى. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، مۇخبىرلار بۇ كەنتكە بېرىپ، غەيرەتكە تولۇپ تاشقان كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جىسمىدىن، يېپيېڭى كەنت قىياپىتىدىن خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، خەلققە بەخت يارىتىدىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا بولغان قەتئىي ئىشەنچىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

■ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچى يېتەرلىك بولۇش

سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسىنىڭ پىرقىرىشى بىلەن، پارچە - پارچە ساپال دانچىلىرى ئۇستىلار تەرىپىدىن تام قىلىپ قوپۇرۇلدى، 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى، ۋاداۋۇڭنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى، كۈلكە ئاۋازى كەنت ئاھالىسى مەمەتنىياز توختىنىڭ ھويلىسىدا ياڭرىدى. كىشىلەر مەمەتنىياز ئائىلىسىگە تۇرمۇش رايونى، ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە باقمىچىلىق رايونىنىڭ ئارا تېمىنى قوپۇرۇپ بېرىۋاتقاندى.

مەمەتنىياز ئائىلىسى جىگدىلىك كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 164 نامرات ئائىلىنىڭ بىرى. كەنتتە ئىككى يىلدىن بۇيان ياسالغان ئاسفالت يول، سېلىنغان ئەمىن ئۆيلەرنى كۆرۈپ، مەمەتنىياز ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزنى ئويلاپ تۇرىدۇ، ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ۋە كەنت كادىرلىرى بىزگە ياردەم قىلىۋاتىدۇ، كەنتىمىزدىكى ھەممە ئۆيلەر بارغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كەتتى».

داشۆنى پۈتكۈزگەن كەنت كادىرىدىن يېتىلىپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان پەرھات نۇردۇن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «بۇ كەنت ئەسلىدە يېزا بويىچە بىرقەدەر ئارقىدا قالغان كەنت ئىدى، 2017 - يىلى مەن يېڭىلا بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغاندا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىم يوق ئىدى. ‹ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش› بويىچە گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرمۇبىر ھەل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كەنت قىياپىتى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، ھازىر ئىشلىگەنسېرى ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى».

پەرھات ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «مەن بۇ يەرگە يېڭىدىن كېلىپ خىزمەت قىلغاندا، كەنتتە ئەخلەت، ئوتۇن، ئوت - چۆپلەر خالىغانچە دۆۋىلەپ قويۇلىدىغان، يوندىلار خالىغانچە تۆكۈلىدىغان بولۇپ، تىپىك «مەينەت، قالايمىقان، ناچار» كەنت ئىدى. نۇرغۇن كەنت ئاھالىسىنىڭ قىشتا تام تۆۋىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان ئادىتى بار بولۇپ، كەنت رادىيو كانىيىدا كەنت ئاھالىلىرىگە كەنت ئاھالە كومىتېتىغا كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىشنى ئۇقتۇرغاندا، دائىم دېگۈدەك قاتنىشىدىغان ئادەم ئاز ئىدى.

جىگدىلىك كەنتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئېكولوگىيەلىك مۇھىت نازارىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ئىشنى يول، تۇرالغۇ ئۆي، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىق جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردىن باشلاپ تۇتۇپ، ئامالىنىڭ بارىچە بۇ جەھەتتىكى «كەمتۈكلۈك»لەرنى تولۇقلىدى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى يۈەن لىي مۇنداق دېدى: كەنتنىڭ يول يۈزى قاتتىقلاشتۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ھەر يىلى ئەتىيازدا قار - مۇزلار ئېرىگەندە ۋە يامغۇر ياغقان كۈنلەردە، يوللار پاتقاق بولۇپ كېتەتتى. گەرچە تېزغا كېلىدىغان يامغۇرلۇق ئۆتۈك كىيىۋالساقمۇ، لېكىن كىيىمنىڭ ھەممە يېرىگە لاي چاچراپ كېتەتتى. ھازىر يول ياسىلىپ بولدى، پۈتۈن بىر كۈن ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلساقمۇ، كىيىملىرىمىز پاك - پاكىز تۇرىدىغان بولدى، يامغۇرلۇق ئۆتۈك بارا - بارا «تاشلىنىپ قالدىغان» بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە ھاۋا ئىللىق بولۇپ، ياركۆۋرۈك يېزىسى يىلقىچىدۆڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى توختى ئەيسا يۇرتداشلار بىلەن بىللە چۆللۈكتىكى تەبىئىي ئاپتاپقا سېلىش مەيدانىغا كېلىپ، ئاپتاپقا سېلىنغان ياڭاقلارنى تاغارغا قاچىلىدى. بۇ يىل بۇ كەنت ياڭاقتىن 60 توننا ھوسۇل ئالغان بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 15 توننا ئاشتى. توختى تاغارغا ياڭاق قاچىلىغاچ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «بۇ يىل ياڭاقنى چوقۇم ياخشى باھادا ساتقىلى بولىدۇ».

☐ **گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جىنيەن سىزغان**

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودىنى سكانىرلاپ كۆرۈڭ

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

تاشقى كۈچتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىچكى كۈچنى قوزغىتىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش

☐ **مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى**

ئۈچتۇرپان ناھىيەسى چېگرا ناھىيەسى، شۇنداقلا بۇلاق ناھىيەسى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، بىز بۇلاق سۈيىنىڭ بۇ تۇپراقنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوزۇقلاندۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، شۇنداقلا كۆپ تەرەپ كۈچ چىقىرىپ قوزغىغان نامرات ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قۇدرەتلىك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى كۆردۇق.

ھەممە ئادەم ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ، لېكىن نامرات ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندا، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش، ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، بەلگىلىك تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا موھتاج بولىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەريانىدا،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

2020 - يىللىق بايرام - دەم ئېلىش كۈنلىرىدە قويۇپ بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئېلان قىلىندى

4 - بەتتە

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 71 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 71 - قېتىملىق دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا، ئوبوروتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەر تەۋرەشتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنى كۆپەيتىش، كېڭەيتىش، ئۆرنەك ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، زامانىۋى ئاتچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تەلەپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوبوروت، ئىستېمال ساھەسىدىكى بوغما ھالەت ۋە كەمتۈكلۈكنى تۈگىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **شې خۇيبيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى يىغىندا، شاۋكەت ئىمىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

نۇرلان ئەبلەھەجىن ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

ئومۇمىي يىغىن روھىدىن ھەممە ئائىلىنى خەۋەردار قىلىپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **جاڭ يىڭچۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبلەھەجىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيەسى، پەيزاۋات ناھىيەسىدە كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

نۇرلان ئەبلەھەجىن مۇنداق تەكىتلىدى:

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سۈن جىنلۇڭ بىڭتۈەن 6 - شىسى ۋۇجىياچۈ شەھىرىدە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى

ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئاساسىي قاتلامدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنىڭ بىڭتۈەندە جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ شۇجىسى، جېڭۋېي سۈن جىنلۇڭ بىڭتۈەن 6 - شىسى ۋۇجىياچۈ شەھىرىگە بېرىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسى ئۆتكۈزۈلدى

سىياسەتنى توغرا ئىگىلەش، ئۇسۇلنى ئىگىلەش، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن قاتناشتى ھەم مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)